# ئىستىقلال ئاۋازى

ئاپرېل 2025
ئومۇمىي 57- سان

## يەتتە ئۇيغۇر ئەركىنلىككە چىقتى

گوللاندىيە پارلامېنتىدا «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى ئىشلىتىش ھەققىدە تەكلىپ سۇنۇلدى
21-بەت

ئەقىل ئامبىرى: ش ت ئى پ دېكى ئۆزگىرىش خىتايىنى ئەندىشىگە سالدۇ
33-بەت

شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ قايتقان ئۇيغۇرنىڭ بايانلىرى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى ئاشكارىلىدى
41-بەت

خىتاي ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىغا يۈرگۈزگەن جازانى بىكار قىلدى
45-بەت



ISTIQLAL




## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.



ISTIQLAL


**باش مۇھەررىر**
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**
ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**
ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**
س. تارىم

**كارىكاتۇر**
رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**
Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 ختاي مەخسۇس پائالىيەت تەشكىللەپ
ئۆز بايرىمىنى ئۇيغۇرلارغا زورلاپ تاڭدى

5 دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارىن
شېھىتلىرى خاتىرىلەندى

9 ختاي ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى»نىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش
تەشۋىقاتىنى كۈچەيتمەكتە

11 ئالدىنقى پەسىلدە ياۋروپا، ئاسىياغا
توشۇلغان مەجبۇرىي ئەمگەك
مەھسۇلاتلىرى يۇقىرى پەللىگە چىققان

13 د ئۇ ق باياناتچىسى ختايغا
جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلىنىپ
قولغا ئېلىندى

15 ئامېرىكا بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدىكى
سودا ئۇرۇشى قاتتىق كەسكىنلەشتى

17 ختاي ياۋروپادا شەرقىي تۈركىستان
ھەققىدىكى ساختا تەشۋىقات
ھەرىكىتى باشلىدى










19 زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي نالە قىلماقتا

21 گوللاندىيە پارلامېنتىدا «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى ئىشلىتىش ھەققىدە تەكلىپ سۇنۇلدى

23 تايلاند ئۇيغۇرلارنى تاپشۇرغاندىن كېيىن خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشماقتا

27 ئەسىرگە چۈشكەن خىتاي ئەسكەرلەر «سازايى قىلىندى»

29 دوكلات: 200 گە يېقىن خەلقئارالىق مېھمانخانا شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت قىلماقتا

31 ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ مۇدىرلىقىغا يەنىلا خىتاي تەيىنلەندى

33 ئەقىل ئامبىرى: ش ت ئى پ دىكى ئۆزگىرىش خىتاينى شەكسىز ئەندىشىگە سالىدۇ

37 سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان تۆت ئۇيغۇر ئەركىنلىككە چىقتى

39 ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆچەيتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا مەخسۇس ئىنستىتۇت قۇرۇلدى

41 شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ قايتقان ئۇيغۇرنىڭ بايانلىرى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى ئاشكارىلىدى

43 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى» مانېۋىر ئۆتكۈزدى

45 خىتاي ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىغا يۈرگۈزگەن جازانى بىكار قىلدى

47 كارىكاتۇر

# خىتاي مەخسۇس پائالىيەت تەشكىللەپ ئۆز بايرىمىنى ئۇيغۇرلارغا زورلاپ تاڭدى



ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ئۆتكۈزۈشىگە تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن چەكلىمە قويغان خىتاي ئۆزىنىڭ چوكانتال بايرىمىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاتالمىش «ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» پائالىيىتى تەشكىللىدى.

خىتاي بۇ يىلمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان خىتايلارنىڭ چوكانتال بايرىمىنى تەبرىكلەشكە مەجبۇرلىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق جايلىرىدا




ئاتالمىش «قەھرىمانلار، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» نامىدا پائالىيەت تەشكىللىگەن.

ختاي مەزكۇر پائالىيەتتە «تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاش، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش، تىنچلىقنى قەدىرلەش، كەلگۈسىنى يارىتىش» دېگەن سەپسەتىلەرنى باش تېما قىلغان بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى، ئاددىي پۇقرالارنى، خۇسۇسەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاتالمىش «ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى»، «ئىنقىلابىي قۇربانلار كۆرگەزمىخانىسى» قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ، قەبرە تېشىنى سۈرتۈش، قەبرە تېشىغا ئالتۇنرەڭ

ھەل بېرىش، خىتاي كومپارتىيەسىگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاش، گۈل تەقدىم قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە، تەزىيە بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىغان.

خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاتالمىش «ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى»گە مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇشنى «ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ غايە-ئېتىقادىنى چىڭىتىش، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش» دېگەندەك تېررور سىياسىتى ئىبارىلىرى بىلەن سۈپەتلىگەن.

خىتاي بۇ يىلمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەت تارىخىنى بۇرمىلاش، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا ۋە باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە ئۆلگەن خىتايلارنى قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتىش تەشۋىقاتىغا ئالاھىدە كۈچىگەن بولۇپ، مەجبۇرىي تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىدىن سىرت، ئاتالمىش «ئىنقىلابىي قۇربانلار»نىڭ سالام خەتلىرى، گۇۋاھنامىلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلىرىنى قوتقۇزۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئائىلىسىگە يەتكۈزۈش قاتارلىق سىياسىي تەشۋىقاتلىرىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلغان. خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا «75 يىلدىن كېيىن ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ سالام خېتى ئۆيگە قايتتى» دېگەندەك ماۋزۇلاردىكى خەۋەرلەر كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلار باشلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتىقادىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چەكلەش، ۋەيران قىلىش جىنايىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە، خىتايلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، تۇرلۇك بايراملىرىنى مەجبۇرىي تاڭماقتا. شۇنداقلا بۇلارنى سىياسىي تەشۋىقاتى، مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقتا.





# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارىن شېھىتلىرى خاتىرىلەندى



بارىن جىھادىنىڭ 35 يىللىقىنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار 5-ئاپرېلدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە كۈننى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خاتىرىلىدى.

بولۇپمۇ 7-ئاپرېل تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە... 

بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن 7-ئاپرېل خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، زەيتىنبۇرنۇ كازلىچەشمە مەدەنىيەت مەركىزىدە شېھىتلەر كېچىسى پائالىيىتى

ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى ۋە ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى.

ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى پىروفېسسور، دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، بارىن شېھىتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ بارىن جىھادىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئاددىيلا بىر قوزغىلاڭ ئەمەس، بەلكى پىلانلىق ھالدا تەشكىللەنگەن مۇستەقىللىق مۇجادىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە شېھىتلىك روھىنى ئۇنتۇماسلىق، ئەۋلادلارغا ئۇنتۇلدۇرماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى شېھىتلەرگە ئاتاپ تەييارلىغان قىسقا فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىردىكى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى، ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرى، تارىخىي خاتالىقلار، بۈگۈنكى دەۋردىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمەد سۆز قىلىپ، بارىن شېھىتلىرى بەرگەن قۇربانلىقلارنىڭ ئەھمىيىتى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە توختالدى.

ئارقىدىن ئۇستاز ئابدۇسالام تەكلىماكان، ئۇستاز قاسىمجان داموللام، ئۇستاز ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا بارىن قەتلىئامى، غۇلجا قەتلىئامى ۋە ئېلىشقۇ قەتلىئامىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، جەريانى، ئاقىۋىتى، تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن شېھىتلەرنىڭ تەۋرەنمەس روھىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختالدى.

پائالىيەت جەريانىدا يەنە ۋەتەن، مىللەت ۋە شېھىتلەرگە ئاتالغان شېئىرلار دېكلاماتسىيە قىلىندى. ئاخىرىدا سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور، دوكتور جەلال ئەرباي سۆز قىلدى ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئومۇمىي دۇئا قىلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، 5-ئاپرېل گوللاندىيەنىڭ ئامستېردامدىكى دام مەيدانىدا بارىن جىھادىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. نامايىش شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشى بىلەن باشلانغاندىن كېيىن، 35 يىل بۇرۇن تاجاۋۇزچى خىتاينىڭ بارىن



خەلقىنى قانلىق باستۇرۇش جىنايىتى ئەيىبلەندى. ئاخىرىدا نامايىشچىلار شى جىنپىڭنىڭ سۈرىتى بېسىلغان نىقابنى كىيىپ، شى جىنپىڭنى ئەدەپلىگەن كۆرۈنۈشلەر ۋە تۈرلۈك شوئارلار ئارقىلىق، مەيداندىكى خەلقنىڭ دىققىتىنى تارتتى.



بۇنىڭدىن سىرت، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەردە نامايىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ ئالاھىدە كۈن خاتىرىلەندى. 5-ئاپرېل يەنە ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان فاتىھ جامەسىنىڭ يىغىن زالىدا بارىن جىھادى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر يىغىنغا تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان 20 گە يېقىن ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋەكىللىرى، تونۇلغان زىيالىيلار، ئۆلىمالار ۋە جامائەت ئەربابلىرى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تىز پۈكمەس روھىنى نامايان قىلغان شېھىتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى.

قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارمۇ چەكلىك ئىمكانىيەتلەرگە قارىماي، يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بارىن جىھادىنىڭ 35 يىللىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيە كۈنىنى ئالاھىدە خاتىرىلىدى ۋە شېھىتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى.

# خىتاي ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتمەكتە

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى پەردازلاش تەشۋىقاتىنى ئالاھىدە كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، يېقىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، «مېنىڭ ~~شىنجاڭ~~ توغرىسىدىكى ھېكايەم» تېمىسىدا ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى باشلىغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ گېزىتخانىسى(گۇرۇھى)» 8-ئاپرېلدىن تارتىپ «مېنىڭ ~~شىنجاڭ~~ توغرىسىدىكى ھېكايەم» تېمىسىدا ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى باشلىغان بولۇپ، ئاپتورلارنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى، ھېس-تۇيغۇسى ئارقىلىق، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەن «مۇۋەپپەقىيەتلىرى»نى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەكلىكى دەۋا قىلىنغان.

بۇلاردىن سىرت، 7-ئاپرېل 3-نۆۋەتلىك ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ مەدەنىيەت-سەنئەت بايرىمى» باشلانغان بولۇپ، بۇنى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى» بىلەن «مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى» بىرلىكتە مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ تەشۋىقات ھەرىكىتىدىمۇ ئوخشاشلا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى باش تېما قىلىنغان بولۇپ، ھەرقايسى

جايلاردىكى ئىدارە-ئورگانلار، ئالىي مەكتەپلەر بىر تۇتاش قاتناشتۇرۇلغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي بۇ نۆۋەتلىك مەدەنىيەت-سەنئەت بايرىمىدا خىتاي رېجىمى مەدھىيەلەنگەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى پەردازلانغان تەشۋىقات خاراكتېرلىك تۆرلۈك تىياتىرلار قويۇلغاندىن سىرت، جىڭجۇ تىياتىرى، چىنچياڭ ئەلنەغمىسى دېگەندەك خىتاينىڭ ئويۇنلىرى قويۇلدىكەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتىنى كۈنسېرى زورايتىۋاتقان بولۇپ، يېقىندا ئاتالمىش «تۆمەنلىگەن كىشى ~~شىنجاڭ~~ توغرىسىدا سۆزلەش» تېمىسىدا قىسقا سىن مۇسابىقىسى تەشكىللىگەنىدى. مەزكۇر مۇسابىقىدىمۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ساياھەتچىلىكى، تارىخى... قاتارلىق تۆرلۈك تېمىلاردا ئىجابىي مەزمۇنلارنى تەسىرلىك بايان قىلىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغانىدى. خىتاي بۇ يىل ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ساختا تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنى جىددىي كۈچەيتمەكتە.



# ئالدىنقى پەسىلدە ياۋروپا، ئاسىياغا توشۇلغان مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى يۇقىرى پەللىگە چىققان



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىگە داۋاملىق توشۇۋاتقان بولۇپ، ئالدىنقى پەسىلدە مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى يۇقىرى چەككە يەتكەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 9-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بۇ يىل 1-پەسىلدە قورغاس چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتناشقان خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزىنىڭ 2375 قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.5% ئاشقانلىقى، مال ئۆتكۈزۈش مىقدارىنىڭ 3 مىليون 336 مىڭ توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26% ئاشقانلىقى ۋە تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل بويىچە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان قورغاس چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق كۈندە قاتنايدىغان خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 23 قېتىمدىن ئاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىمغا توغرا كەلگەن. 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە نۆۋەتچى پويىزنىڭ قاتناش لىنىيەسى 87 گە يېتىپ، چېگرا سىرتىدىكى 18 دۆلەت، 46 شەھەر ۋە رايونغا تۇتاشقان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، خۇسۇسەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق مەھسۇلاتلار مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، داۋاملىق ياۋروپا، ئاسىيا ئەللىرىگە توشۇلماقتا.

بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ئېلان قىلىنغان دوكلاتلاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان شوخلا قىيامى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ياۋروپانىڭ تاللا بازارلىرىغا كىرىۋاتقانلىقى ئاشكارىلىنىپ، كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغانىدى.

# د ئۇ ق باياناتچىسى خىتايغا جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىندى

شۋېتسىيە تەپتىش ئورگىنى بىر ئۇيغۇرنى خىتايغا جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ قولغا ئالغان بولۇپ، مەزكۇر ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاي تىلى باياناتچىسى دىلشات رىشىت ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

فرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شۋېتسىيەنىڭ بىر تەپتىش ئەمەلدارى 7-ئاپرېل بىر ئۇيغۇرنى خىتاي رېجىمىغا ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى ۋە ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش بىلەن ئەيىبلەپ قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، نۆۋەتتە بۇ دېلونىڭ تەكشۈرۈش باسقۇچىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، 9-ئاپرېل چۈشتىن كېيىن سولنا شەھىرىدىكى سوت مەھكىمىسىدە تۇنجى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. مەزكۇر دېلوغا چېتىشلىق يەنە بىر جىنايەت گۇماندارى بار بولۇپ، ئۇ ھەقتە تېخى سوتتىن بۇرۇنقى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلمىگەن.

ئالاقىدار خەۋەردە مەزكۇر ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولۇپ، پەقەت بىر خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ باياناتچىسى دېيىلگەن. سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن، مەزكۇر ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاي تىلى

باياناتچىسى دىلشات رىشىت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

مەزكۇر خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈنۈگۈن بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، قۇرۇلتاي رەئىسلىكىنىڭ جىددىي يىغىن ئېچىپ، دىلشات رىشىتنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى ھەققىدە قارار چىقارغانلىقىنى بىلدۈردى.

دىلشات رىشىت 1967-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، 2004-يىلدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاي تىلىدىكى باياناتچىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.



# ئامېرىكا بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۇرۇشى قاتتىق كەسكىنلەشتى



ختاي ترامپ ھۆكۈمىتى بىكىتكەن مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك باج قارارىدىن ۋاز كەچمەيلا قالماستىن، ئامېرىكا ماللىرىغا يەنە 50% باج قوشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ختايغا قاراتقان تاموژنا بېجىنى 125% كە چىقاردى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ 2-ئاپرېل بىر مەمۇرىي بۇيرۇق ئىمزالىغان بولۇپ، ئامېرىكىغا كىرگۈزۈلگەن بارلىق ماللاردىن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 10% تاموژنا بېجى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. مەزكۇر قاراردا ختايغا 34% باج قويۇلغان بولۇپ، ئالدىنقى ئايلاردا بېكىتىلگەن باجلارنى قوشقاندا ختايدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى 54% كە يەتكەنىدى. ختاي 4-ئاپرېل ئامېرىكىنىڭ بۇ قارارىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئامېرىكا ماللىرىدىن 34% باج ئېلىنىدىغانلىقىنى، 10-ئاپرېلدىن تارتىپ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

ترامپ ختاينىڭ بۇ قارارىغا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، ترامپ ختايغا 8-ئاپرېلنى ئاخىرقى مۇددەت قىلىپ

بىكىتكەن ۋە ئەگەر خىتاي بۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن ئامېرىكىغا قاراتقان ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك باج قارارىدىن يانمىسا، يەنە 50% باج قوشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ 9-ئاپرېل كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.



ئەمما خىتاي ئامېرىكىنىڭ بىكىتكەن مۇددىتىگە پىسەنت قىلماي، 9-ئاپرېل ئامېرىكا ماللىرىغا يەنە 50% باج قوشۇپ، ئومۇمىي باج مىقدارىنى 84% كە يەتكۈزدى. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ خىتايغا قارىتىلغان ئومۇمىي باج مىقدارىنى 104% تىن بىراقلا 125% كە ئۆستۈردى ۋە دەرھال كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ترامپ يەنە 75 دۆلەتنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن باج قارارى ھەققىدە سۆھبەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسى بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللانمىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك مەزكۇر دۆلەتلەرگە قاراتقان باج قارارىنى 90 كۈنلۈك مۇددەت بىلەن توختىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، باشقا دۆلەتلەردىن ئېلىنىدىغان باجنىمۇ 10% كە چۈشۈرىدىغانلىقىنى، بۇ قارارلارنىڭ دەرھال كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىملىق تاموژنا بېجى ئۇرۇشى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىغا مەركەزلەشكەن.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي تىركىشىش دۇنيا ئىقتىسادىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، پاي چېكى بازىرى، ماي باھاسى، ئالتۇن باھاسى قاتارلىقلاردا داۋالغۇش كۆرۈلگەن.

# خىتاي ياۋروپادا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتى باشلىدى

خىتاي بۇ يىلمۇ چەت ئەللەردە ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەپتە فرانسىيە ۋە ۋېنگرىيەدە تەشۋىقات پائالىيىتى تەشكىللىگەن.

خىتاي خەۋەر تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، 2025-يىللىق ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى تەشۋىقات پائالىيىتى 11-ئاپرېل فرانسىيە پايتەختى پارىژدىكى خىتاي مەدەنىيەت مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن. مەزكۇر پائالىيەتنى خىتاي مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» مەدەنىيەت، ساياھەت نازارىتى ۋە پارىژدىكى خىتاي مەدەنىيەت مەركىزى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان.

پائالىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت بايلىقىنى تەشۋىق قىلىش تېمىسىدا سەنئەت نومۇرلىرى، رەسىم كۆرگەزمىسى، كىيىم-كېچەك ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار تەشۋىقات فىلمى قويۇلغان. خىتاي پائالىيەتتە بۇرۇنقىدەكلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاپ، خەلقنىڭ باياشات، ئەركىن ياشاۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلغان.



خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى يەنە خىتاي ئۆمىكى بىلەن بىللە بارغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئۇسسۇلچىلارنىڭ پارىژدىكى داڭلىق ئېيففېل تۆمۈر مۇنارىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشىنى تارقاتقان.

خىتاي بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ساختا ئىسپات ۋە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۇۋاھچىلار بىلەن بارلىق جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئافرىقىدىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە ئاتالمىش «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى پىلانلىق ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتى تەشكىللەش ئارقىلىق، چەت ئەل سىياسىيونلىرىنىڭ، خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.



# زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي نالە قىلماقتا

يېقىندا تارقالغان بىر نەچچە سىن خىتاي رېجىمىنىڭ، ئاققۇن خىتايلارنىڭ ۋە خىتاي ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ قاتمۇقات زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قانداق ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرسىتىپ بەردى. مەزكۇر سىنلار مۇھاجىرەتتىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۆپلەپ تارقىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.

تارقالغان سىن غۇلجا ناھىيەسىدىكى بىر ئۇيغۇر دېھقان تەرىپىدىن تارتىلغان بولۇپ، ئۇ سىندا دېھقانلارنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇندىن ئىلگىرى 18 مو يېرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما

ئەمەلدارلارنىڭ يەرنى مەجبۇرىي تارتىۋالغانلىقىنى، ھازىر ئۆزگە پەقەت تۆت مو يەر قالغانلىقىنى، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتقۇدەك پۇلى قالمىغانلىقىنى كۆز ياشلىرى بىلەن بايان قىلغان ۋە باشقىلارنى بۇ ھەقتە ياردەم قىلىشقا چاقىرغان.

بۇنىڭ كەينىدىنلا تارتىلغان يەنە بىر نەچچە سىندا ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا بىرەر ئىش كېلىپ قېلىشىغا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ھاياتتىن جاق تويغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە مەھەللە كومىتېتىغا بېرىپ شىكايەت قىلغان. ئەمما ئەمەلدارلار، ساقچىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمايلا قالماستىن، زوراۋانلىق ۋاستىسى بىلەن ئۇنى ئىشخانىدىن ئىتتىرىپ قوغلاپ چىقارغان. ئۇ يەنە بىر سىندا دەرد تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئىقتىسادى قالمىغانلىقىنى، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتكۈدەك پۇلمۇ قالمىغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ سىنلار ئالدىنقى ھەپتە تىك توكنىڭ خىتايدىكى نۇسخىسى بولغان دوۋيىن سۇپىسى ئارقىلىق تارقىتىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە ھەممىسى تولۇق ئۆچۈرۈلگەن. مەزكۇر سىننى تارقاتقان ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ قاتتىق جازاسىغا، قىيىن-قىستاقلىرىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس.

خىتاي يىللاردىن بۇيان تور دۇنياسىدا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان ھەرقانداق ئاۋازنى تېز سۈرئەتتە ئۆچۈرۈپ، جازالاپ كەلگەن بولۇپ، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلانغاندىن بۇيان بۇ خىل نازارەت، كونتروللۇق مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيتىلگەن. ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، مەزكۇر سىنلارنى تارقىتىشى خىتاينىڭ تېررور سىياسىتىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىرىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋاتقان، باستۇرۇۋاتقان خىتاي رېجىمى خىتاي ئاققۇنلىرىنى زور مىقداردا ھەقسىز يەر، ھەقسىز ئۆي، يۇقىرى تەمىنات بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش پىلانىنى تېز سۈرئەتتە ئىجرا قىلماقتا ۋە كۈچەپ تەشۋىق قىلماقتا.

# گوللاندىيە پارلامېنتىدا «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى ئىشلىتىش ھەققىدە تەكلىپ سۇنۇلدى

گوللاندىيەنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ستېفان ۋان بارلې بىر تەكلىپ لايىھەسى سۇنۇپ، گوللاندىيە ھۆكۈمىتىنى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسمنى ئىشلىتىشكە چاقىردى.

گوللاندىيەدىكى Denk پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ۋە پارلامېنت ئەزاسى ستېفان ۋان بارلې 9-ئاپرېل پارلامېنتتا بىر تەكلىپ لايىھەسى سۇنۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئالاقىلىرىدا ۋە ھۆججەتلىرىدە «~~شىنجاڭ~~» دېگەن نامنى ئەمەس، بەلكى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسمنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇ تەكلىپ لايىھەسىدە «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنىڭ تارىخىي نام ئىكەنلىكىنى، «~~شىنجاڭ~~»نىڭ بولسا مۇستەملىكە نامى ئىكەنلىكىنى، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق



ئالاقىلىرىدا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گوللاندىيە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئاۋاز چىقارغان، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان ياۋروپا دۆلىتى بولۇپ، 2021-يىلى 2-ئايدا گوللاندىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەنىدى.

«شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسى خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتىگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا ئىشارەت قىلىدىغان كۈچلۈك سىياسىي پۇراققا ئىگە ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك بارلىق دۆلەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاۋاز چىقارغان، قارار ماقۇللىغان دۆلەتلەرمۇ ئىزچىل تەرىقىدە «~~شىنجاڭ~~ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە گوللاندىيە پارلامېنتىغا بۇ ھەقتە رەسمىي تەكلىپ لايىھەسىنىڭ سۇنۇلۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالماقتا.








# تايلاند ئۇيغۇرلارنى تاپشۇرغاندىن كېيىن خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشماقتا

تايلاند ھۆكۈمىتى خەلقئارانىڭ چاقىرىقلىرى ۋە بېسىمىغا قارىماي، 27-فېۋرال 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، تايلاند بىلەن خىتاينىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشماقتا.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تايلاند كاسىكورن بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورى چېن بوۋېي 13-ئاپرېل ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە بارغان بولۇپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋالغان.

ئىككى تەرەپ سۆھبەت جەريانىدا خىتاي-تايلاند دوستلۇقىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، ما شىڭرۇي شەرقىي تۈركىستان بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋە باشقا رايون دۆلەتلىرىگە ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق كېڭەيتىدىغانلىقى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقى، كاسىكورن بانكىسى ۋە تايلاند شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پۇل-مۇئامىلە ۋە سانائەت ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

چېن بوۋېنمۇ كاسىكورن بانكىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، سانائەت تەرەققىياتى، سودا ۋە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل-مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئورۇن ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا قاتارلىق بازارلارنى ئېچىشقا كۈچەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

ئۇندىن باشقا، خىتاينىڭ تايلاندتىكى باش ئەلچىخانىسى بىر نەچچە كۈن بۇرۇن تايلاندلىقلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمى ھېسابلىنىدىغان سوڭكران



بايرىمى ئۈچۈن مەخسۇس بىر تەبرىك ۋىدىيوسى ھەمبەھىرلىگەن بولۇپ، مەزكۇر ۋىدىيودا بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى دىققەت قوزغىدى.

مەزكۇر تەشۋىقات ۋىدىيوسىدا خىتايدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى ۋە ئۇيغۇر دوپپىسى ۋە ئەتلەس كىيىم كىيگەن بىر «ئۇيغۇر قىز» كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تايلاندتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكى، تايلاند خەلقىنىڭ يېڭى يىل بايرىمىنى تەبرىكلەيدىغانلىقى، خىتاي بىلەن تايلاند خەلقىنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەيدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

تايلاند ھۆكۈمىتى ئون نەچچە يىلدىن بېرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇش نىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە خەلقئارانىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، 27-فېۋرال 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا مەجبۇرىي ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. بۇ سەۋەبلىك كۈچلۈك تەنقىدكە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، تايلاند مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرى پۇمتام ۋېچاياچاي، ئەدلىيە مىنىستىرى تاۋى سودسوڭ ۋە بىر قىسىم ھەربىي ئەمەلدارلار 18-مارت شەرقىي تۈركىستانغا «زىيارەت»كە بېرىپ، قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرجەم، بىخەتەر ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە بىلجىرلاپ، جىنايىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغانىدى. تايلاند ھۆكۈمىتى خىتاينى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ يەك ئىچىدە قانداق سودا قىلغانلىقى، تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ «تۆھپىسى» ئارقىلىق خىتايدىن قانداق مەنپەئەتلەرگە ئېرىشكەنلىكى ھازىرچە نامەلۇم تۇرماقتا.

تايلاند ھۆكۈمىتى 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، جىنايەتلىرىنى پەردازلاش ئۈچۈن، بۇندىن ئىلگىرى ھېچقانداق دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلىقىنى دەۋا قىلغانىدى. ئەمما ئامېرىكا، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ ئىلگىرى مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى



ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپى سۇنۇلغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، تايلاند ھۆكۈمىتى يالغان باياننى ئۆزگەرتىپ، بۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

تايلاند ھۆكۈمىتى قالغان سەككىز ئۇيغۇرنىڭ تايلاند قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، داۋاملىق تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسال مەنپەئەت مەركىزىنىڭ رەئىسى رۇقىيە تۇردۇش خانىم 12-ئاپرېل فېيىسبۇك ھېساباتىدا بىر ئۇچۇر ھەمبەھىرلەپ، شۇ كۈنى تايلاند تۈرمىسىدىكى ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ كاناداغا سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە خەلقئارالىق تاراتقۇلار بۇ خەۋەرنى رەسمىي دەلىللىدى. بۇ خۇش خەۋەر تايلاندتىكى قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى خۇرسەن قىلدى.




# ئەسىرگە چۈشكەن خىتاي ئەسكەرلەر «سازايى قىلىندى»

ئۇكرائىنا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنقى ھەپتە ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى خىتاي ئەسكەرنى مۇخبىرلار ئالدىدا سۆزلەتكۈزدى.

ئۇكرائىنا تاراتقۇلىرىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇكرائىنا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى 14-ئاپرېل كىيۋدىكى بىر ئاخبارات مەركىزىدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئالدىنقى ھەپتە ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى خىتاي قوللىرى باغلانغان ھالدا يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن. ئۇلار مۇخبىرلارغا خىتايچە سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇكرائىنانىڭ دونېتسك رايونىدىكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى، توردا تارقالغان ئېلان ئارقىلىق رۇسىيە ئارمىيەسىگە قاتناشقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا قايتقۇسى بارلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشىنى، يەنى رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا

ئوتتۇرىسىدىكى ئەسىر ئالماشتۇرۇشتا قۇتۇلۇپ ختايغا قايتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي ئۇرۇشنىڭ كىنولاردا تەسۋىرلەنگەندەك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن.

يەنە بىر ختاي ئەسىر بولسا ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى خالايدىغان باشقا ختايلارنى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقىنى، چۈنكى رۇسىيەدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە رۇسىيەنىڭ ئۈنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس، ئۇكرائىنانىڭمۇ ئۈنچىلىك ئاجىز ئەمەسلىكىنى ئېيتقان.

ئۇكرائىنا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى مەزكۇر ختاي ئەسكەرلەرنىڭ رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىلەن توختاملاشقانلىقىنى، ئۇلارغا تۈنجى قېتىمدا زور مىقداردا نەق پۇل مۇكاپات ۋە كېيىنكى ھەر ئايدا 200 مىڭدىن 250 مىڭ رۇبلىغىچە (تەخمىنەن 2000-3000 دوللار) ھەق بېرىلگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

ئالدىنقى ھەپتە مەزكۇر ختاي ئەسكەرلەر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى ۋولودىمىر زېلېنسكىي 9-ئاپرېل مۇخبىرلارغا بايانات بېرىپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان تېخىمۇ كۆپ ختايلارنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەپ: «ئىسىم-فامىلىسى، پاسپورت مەلۇماتلىرى بار 155 ختاي پۇقراسى ئۇكرائىنا زېمىنىدا ئۇكرائىنالىقلارغا قارشى ئۇرۇشماقتا» دېگەنىدى ۋە ختاي تەرەپنىڭ بۇ ئىشنى بىلىدىغانلىقىنى ئىلاۋە قىلغانىدى. ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى بولسا بۇ قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ، رۇسىيە ئۈچۈن ئۇرۇشقان ختاي ئەسكەرلىرىنىڭ شەخسىي سالاھىيەت بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى، ختاي رېجىمىنىڭ ئىزچىل ھالدا رۇسىيەدىكى پۇقرالىرىنى قوراللىق توقۇنۇشقا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغانىدى.

# دوكلات: 200 گە يېقىن خەلقئارالىق مېھمانخانا شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت قىلماقتا

ۋاشىنگتونغا جايلاشقان ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى قۇرۇلۇشى» 17-ئاپرېل يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ چاقىرىقلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قارىماي، 189 خەلقئارالىق مېھمانخانىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى تىجارەت قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 115 مېھمانخانا ئاللىبۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولۇپ، يەنە ئاز دېگەندە 74 مېھمانخانا قۇرۇلۇش ياكى پىلانلاش باسقۇچىدا ئىكەن.

دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، مېھمانخانا ساننىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى» تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىش ھەرىكىتى بىلەن ماس قەدەمدە بولغان. خىتاي تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 2024-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا تەخمىنەن 300 مىليون ساياھەتچى بارغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 5



مىليونى چەت ئەللىك ساياھەتچى ئىكەن. بۇ سان 2023-يىلدىكىدىن 50% ئارتۇق ئىكەن.

دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان خەلقئارالىق مېھمانخانىلار قاتارىدا فرانسىيەنىڭ Accor، Hilton شىركەتلىرى، ئەنگلىيەنىڭ IHG گۇرۇھى، Marriott ۋە Wyndham قاتارلىق تونۇلغان شىركەتلىرى بار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا ئۇلارنىڭ مېھمانخانىلىرى بار ئىكەن. دوكلاتتا مەزكۇر مېھمانخانىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى نورماللاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ئۇندىن باشقا Accor شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىر مېھمانخانىسىنىڭ ئاتالمىش «تەربىيەلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئارتۇق ئەمگەك كۈچى» نامىدىكى جازا لاگېرىغا، مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكى دوكلاتتا قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا مەزكۇر مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى ئۆلچەملىرىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى تىجارەت پائالىيەتلىرىنى دەرھال تەكشۈرۈشى كېرەكلىكى، كېڭەيتىش پىلانلىرىنى توڭلىتىشى، پائالىيەتلەرنى توختىتىشى ۋە تىجارەت ئالاقىلىرىنى ئۈزۈشى كېرەكلىكى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىن چېقىپ كېتىش قارارىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان.

دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان Hilton گۇرۇھى بۇندىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم تەنقىدكە ئۇچرىغان بولۇپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ خوتەندىكى چېقىۋېتىلگەن بىر مەسچىت ئورنىغا مېھمانخانا سېلىشى كۈچلۈك نارازىلىق قوزغىغانىدى. 2021-يىلى سېنتەبىردە ئامېرىكا-ئىسلام مۇناسىۋىتى كېڭىشى ۋە باشقا 40 نەچچە خەلقئارالىق تەشكىلات بىرلىكتە، Hilton گۇرۇھىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەن مەسچىتنىڭ ئورنىدا مېھمانخانا سېلىش پىلانىغا قارشى، Hilton مېھمانخانىسىنى خەلقئارادا بايقۇت قىلىشقا چاقىرغانىدى.



# ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ مۇدىرلىقىغا يەنىلا ختاي تەيىنلەندى

ختاي شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىكلارنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى كۆزدىن يوقاتقان بولۇپ، شەكلگە بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنى ۋەزىپىگە قويىدىغان ۋەزىيەتمۇ ئاساسەن يوقالغان.

ختاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ مۇدىرلىقىغا ما شىنبىن ئىسىملىك ختاي تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ 2024-يىلى 11-ئايدىن تارتىپ مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرىمۇ ئوخشاشلا خىتاي بولۇپ، بۇلتۇر 11-ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىخى ئۇزۇن ۋە ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسىتېت بولغان ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى يېقىنقى يىللارغىچە ئۇيغۇرلار ئۆتەپ كەلگەن بولۇپ، پىروفېسسور تاشپولات تېيىپ 2017-يىلى «ئىككى يۈزلىمچىلىك» باھانىسى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندى ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ئېلان قىلىنغاندى.

ئۇنىڭ ئورنىغا مۇدىرلىققا تەيىنلەنگەن ۋەلى باراتمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي «ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش» باھانىسى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخىرقى ئۇيغۇر مۇدىرى بولۇپ قالغاندى.

ئۇندىن باشقا، بۇلتۇر ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ 100 يىللىقى خاتىرلەنگەن ئالاھىدە مۇراسىمدا سەھنىدىكى خەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي خىتايچە يېزىلىپ، ھېچقانداق ئۇيغۇرچە خەتنىڭ بولماسلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە «قىزىل ئۇنىۋېرسىتېت»قا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىشى دىققەت قوزغىغاندى.



# ئەقىل ئامىرى: ش ت ئى پ دىكى ئۆزگىرىش خىتاينى شەكسىز ئەندىشىگە سالىدۇ



ۋاشىنگتونغا جايلاشقان ئەقىل ئامبىرى «ۋاشىنگتون ئىنستىتۇتى» 17-ئاپرېل بىر ئانالىز ماقالىسى ئېلان قىلغان بولۇپ، قايتىدىن قۇرۇلۇۋاتقان سۈرىيەدە خىتاينىڭ ئۆز ئورنىنى قايتا تەڭشەش ئۇرۇنۇشلىرى، سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنىڭ تەرەققىياتى، خىتاينىڭ ئىنكاسى، ئامېرىكىنىڭ سۈرىيەدىكى رولى قاتارلىق نۇقتىلار تەھلىل قىلىنغان.

مەزكۇر ئانالىز ماقالىسىدە ئەسەد رېجىمىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە ئەھمەد شەرئى باشچىلىقىدىكى



يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى ئورنىنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكى، ئەسەد جەمەتى بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ۋە ب د ت يىغىنلىرىدا ئىزچىل قوللاپ كەلگەن خىتاينىڭ سۈرىيەدە ھاكىمىيەت ئالمىشىپ، ئىككى ئايدىن كېيىنلا ئۆز ئەلچىسىنى ئەھمەد شەرئى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەنلىكى، بۇ ھەرىكەتلەر سۈرىيەنىڭ خىتايغا بولغان رايونلۇق ئەھمىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ ئەسەد رېجىمىنى قوللاپ كېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىستىخبارات ئۇچۇرىغا ئېرىشىش ئىكەن. خىتاينىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇر جەڭچىلەر ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ خىتايغا تەھدىت شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىت كۈتۈۋاتقان بولۇپ، ھەققەتەن نۇرغۇن ئۇيغۇر جەڭچىلەر ئىگىلىگەن جەڭ تەجرىبىسىنى خىتايغا قارشى ئىشلىتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

ئانالىز ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسەد رېجىمىنى ئاغدۇرۇشتىكى رولى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، بىر نەچچە ئۇيغۇر قوماندانىنىڭ يېڭى مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا ئوفىتسېرلىققا تەيىنلەنگەنلىكى، خىتاينىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، «خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بىلەن تېررورىزمغا قارشى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش»كە قەسەم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ماقالىدە يەنە ئەھمەد شەرئى ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قاراتقان پوزىتسىيەسىمۇ ئانالىز قىلىنغان بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان سۈرىيەنىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنىڭ خەلقئارالىق قوللاشقا

ئېرىشىش ئۈچۈن، «دىپلوماتىك ھۇجۇم»غا ئۆتكەنلىكى، ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن 600 دىن ئارتۇق ئۇچرىشىش، سۆھبەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى، ئەمما بۇلاردىن پەقەت تۆت قېتىملىقىنىڭ خىتاي بىلەن بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ماقالىدە ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنىڭ سۇرىيەدىكى ھەرىكەتلىرى ئىنچىكە ئانالىز قىلىنغان بولۇپ، ئالدىنقى ئايدا تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ يېڭى نىزامنامە ئېلان قىلىپ، ئۆز ئىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئۆزگەرتكەنلىكى، بۇ نىزامنامە تەشكىلاتنىڭ خەلقئارالاشقان جىھادىي ھەرىكەت ھالىتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا مەركەزلەشكەن ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى، گەرچە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئەمەلىي جەھەتتىن نېمىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ھازىرچە قىيىن بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ ئافغانىستان ۋە سۇرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى شەكسىز كۈچەيتىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، خىتاينىڭ يېڭى سۇرىيە ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يېڭى سۇرىيە ھۆكۈمىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىغان تەقدىردە، خىتايغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش خەۋپى بارلىقى، خىتاينىڭ سۇرىيە بىلەن ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئەھمەد شەرئى ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىش، جازا تەدبىرلىرىنى يېنىكلىتىش ۋە تېخىمۇ كەڭرى ئىقتىسادىي پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىش قاتارلىق پىلانلارنى تۈزۈشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.



# سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان تۆت ئۇيغۇر ئەركىنلىككە چىقتى

سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان تۆت ئۇيغۇر خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ، تۈركىيەگە ساق-سالامەت يېتىپ كەلدى.

مەزكۇر تۆت ئۇيغۇرنىڭ بىرى 2020-يىلى 2-ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئۆمرە ھەجگە بېرىپ، خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك تۈركىيەگە قايتالماي تۇرۇپ قالغان ھەمدۇللاھ ۋەلى، يەنە بىرى 2006-يىلىدىن بېرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇش رۇخسەتى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان نۇرمۇھەممەت روزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە تۈركىيەنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامىتى بار

ئىكەن. بۇخەلچەم ئابدۇللاھ خانىم نۇرمۇھەممەد روزىنىڭ ئىلگىركى ئايالى بولۇپ، 2022-يىلى 30-مارت 13 ياشلىق قىزى بىلەن قوشۇلۇپ سەئۇدى ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنىدى.

ئۇلار 2022-يىلى ئاپرېل ئېيىدا گۇاڭجۇغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بىلەن خىتايغا قايتۇرۇۋېتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سەئۇدى دائىرىلىرى خەلقئارالىق بېسىم ئاستىدا ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇشنى توختىتىپ قويغانىدى.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى، تەشكىلاتلار ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق ئورگانلار مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقى، بىخەتەر بىر دۆلەتكە قويۇپ بېرىلىشى ھەققىدە كۆپ قېتىم چاقىرىق قىلغانىدى.

خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى داۋاملىشىۋاتقان ۋە بۇ ھەقتە خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياۋاتقان بىر پەيتتە، تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارانىڭ بېسىمىغا، چاقىرىقلىرىغا قارىماي، 40 ئۇيغۇرنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىپ، خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق قايغۇغا سالغان بولسىمۇ، بىر نەچچە يىلدىن بېرى ماراكەش تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئىدرىس ھەسەننىڭ، تايلاندتىكى ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى تۆت ئۇيغۇرنىڭ ئەركىنلىككە چىقىپ، بىخەتەر دۆلەتكە يېتىپ بېرىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىنى يارىسىغا ئازغىنە بولسىمۇ تەسەللىي بولماقتا.

# ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا مەخسۇس ئىنستىتۇت قۇرۇلدى

خىتاينىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىۋاتقان بولۇپ، خىتاينىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~نى ئىدارە قىلىش ئىنستىتۇتى» قۇرۇشى دىققەت قوزغىدى.

ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت» 21-ئاپرېل ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ ساقچى ئىنستىتۇتى» تەربىيەلەش مەركىزىدە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان بولۇپ، خىتاي سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~نى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىنستىتۇتى»نىڭ يوپۇقى ئېچىلغان.

مۇراسىمغا ماشىڭرۇي، چېن مىڭگو، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە قورچاق ئەمەلدارلار قاتناشقان بولۇپ، ما شىڭرۇي شەرقىي تۈركىستاندا «ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش»كە تېخىمۇ زور كۈچ قوشۇش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.




خەۋەردە مەزكۇر كېلىشىمگە ئاساسەن، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بىلەن ختاي سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردە ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى تولۇق يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى، ختاي سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خەۋەردە مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ ختاينىڭ ئىستراتېگىيەلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئەقىل ئامبىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدىغان بۇ ئىنستىتۇتنىڭ ختاينىڭ ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش، پۈتۈنلەي ختايلاشتۇرۇش، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۈچەيتىش جىنايەتلىرىنى تەتقىقات كۈچى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىكەن.

# شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ قايتقان ئۇيغۇرنىڭ بايانلىرى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى ئاشكارىلىدى

يېقىندا شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، قايتىپ كەلگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدە كۆپلەپ تارقالغان بولۇپ، ئۇ ۋەتەن زىيارىتىدە كۆرگەنلىكىنى، ھېس قىلغانلىرىنى دوستىغا بايان قىلغان.

مەزكۇر ئۇيغۇرنىڭ كىملىكى نامەلۇم بولۇپ، سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىر پېنسىيونېر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن. ئۇ يېقىندا ۋەتەنگە قايتىپ بىر نەچچە ئاي تۇرغانلىقىنى



ئېيتىپ، بۇ جەرياندىكى ھېس تۇيغۇلىرىنى «خۇددى بىرى گېلىمنى بوغۇۋالغاندەك، كۆزۈمنى توسۇۋالغاندەك، قۇلىقىمنى ئېتىۋالغاندەك» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلىگەن.

ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر رېستورانلارنىڭ ھەممىسى ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، ئۇيغۇر پۇرىقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىنى، مىللىي ئۇسلۇبتا سىېلىنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى، كوچىلاردا ئۇيغۇرچە خەتلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىياتچىلىقنىڭ پۈتۈنلەي ئۆلگەنلىكىنى، مىللەتپەرۋەر، ۋىجدانلىق، بىلىملىك شەخسلەرنىڭ كۆزدىن يوقىتىلغانلىقىنى، ھايات قالغانلىرىنىڭمۇ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئېچىنغان ھالدا تىلغا ئالغان.

مەزكۇر ئۇيغۇرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇ مەيلى قايسى جايغا بارمىسۇن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئارتۇقچە سۆز قىلماسلىقنى ئىشارەت قىلىپ تۇرغان. كوچىدىكى كىشىلەرمۇ بىر-بىرىگە سالام قىلىشتىن، پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن. ئىدارە-ئورگانلارنىڭ ئەتراپىغا تۇسۇق، بىرونېۋىكلار قويۇلۇپ، ئەسكەرلەر، ساقچىلار تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنىدىكەن.

ئۇ ئۈرۈمچىدە يەنىلا ئۇيغۇرلارنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما كوچىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ خۇددى جېنى يوق، روھى يوق، پىكرى يوق كۆلەڭگىلەرگىلا ئوخشايدىغانلىقىنى، بۇ كۆرۈنۈشلەر چۆچەكلەرنى ئەسلىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مەزكۇر ئۇيغۇرنىڭ بايانلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، رېئال ئەھۋالنىڭ بۇ بايانلاردىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس.

خىتاي يېقىنقى مەزگىللەردە ئاز بىر قىسىم تاللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىش، يەنە ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىشتەك يېڭىچە ھىيلە-مىكىر بىلەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنماقتا. ئانالىزچىلار، مۇتەخەسسىسلەر، ئۆلىمالار نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ۋەتەنگە قايتىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىغا ھەسسە قوشۇش بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى» مانېۋىر ئۆتكۈزدى

خىتاي ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا تەييارلىق قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇداپىئە قىلىش، ئۈچ خىل كۈچكە قارشى تۇرۇش» باھانىلىرى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى چۆچۈتۈش-2025» نامدا چوڭ كۆلەملىك مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، مەزكۇر مانېۋىر 28-ئاپرېل ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي قىسىملىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، چېگرا قىسىملىرى، دېڭىزىيە قىسىملىرى قاتارلىقلاردىن 4000 ئەسكەر قاتناشتۇرۇلغان. ما شىگرۈي، ئەركىن

تۈنىياز قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە قورچاق ئەمەلدارلار مانېۋىرنى كۆرۈشكە قاتناشقان.

خىتاي خەۋەرلىرىدە بۇ قېتىملىق مانېۋىرنىڭ بىر نەچچە نۇقتىدىن دىققەت تارتىدىغانلىقى، جۈملىدىن كۆلىمىنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئىكەنلىكى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا مەركەزلەشكەنلىكى، شۇنداقلا چەت ئەلدىن كىرگەن ئاتالمىش «تېررورلۇق كۈچلىرى»دىن مۇداپىئەلىنىش تەكىتلەنگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بۇ قېتىملىق مانېۋىردا خىتاي چېگرا بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا نۇقتىلىق مەركەزلەشكەن بولۇپ، بىرلەشمە چېگرا تەكشۈرۈش، كونترول قىلىش، قولغا ئېلىش، بىرلەشمە قورشاۋ، چېگرا توسۇش ۋە چېگرا ھالقىشنى بىر تەرەپ قىلىش، تاغنى قورشاش قاتارلىقلارنى مەشىق قىلغان.

خەۋەردە بۇ يىل ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ئىكەنلىكى، شۇڭا بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغاندىن سىرت، خىتاي رېجىمىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى كۆپ قېتىم ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، ھەمدە «سىرتتىن كىرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمى»نىڭ خەۋپىدىن قاتتىق قوغدىنىش كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ۋاشىنگتوندا جايلاشقان ئەقىل ئامبىرى «ۋاشىنگتون ئىنستىتۇتى» 17-ئاپرېل بىر ئانالىز ماقالىسى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسەد رېجىمىنى ئاغدۇرۇشتىكى رولى، بىر نەچچە ئۇيغۇر قوماندانىنىڭ يېڭى مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا ئوفىتسېرلىققا تەيىنلىنىشى تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ خىتاينىڭ ئافغانىستان ۋە سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى شەكسىز كۈچەيتىدىغانلىقى تەكىتلەنگەندى ۋە خىتاينىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، «خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بىلەن تېررورىزمغا قارشى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش»كە قەسەم قىلغانلىقى ئىلاۋە قىلىنغانىدى.

# خىتاي ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىغا يۈرگۈزگەن جازانى بىكار قىلدى

ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقان خىتاي 2021-يىلى ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك ياۋروپا پارلامېنتىدىن ئۆچ ئېلىپ، جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بەش پارلامېنت ئەزاسىغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ياۋروپا پارلامېنتى 30-ئاپرېل خىتاينىڭ 2021-يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بەش پارلامېنت ئەزاسىغا يۈرگۈزگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە بۇنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى سۆھبەتنىڭ قايتا قوزغىتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم قەدەم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا پارلامېنتى بۇ ھەقتىكى باياناتىدا خىتاينىڭ قارارىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى كۆپلىگەن



مەسىلىلەرنى، خۇسۇسەن ئىنسانىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق يادرولۇق مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپنى يوقىتا چىقىرالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقى 2021-يىلى 22-مارتتا ختاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرىغا قاماش، باستۇرۇش جىنايىتىگە چېتىشلىق بولغان بىر قىسىم ختاي ئەمەلدارلىرىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا جازا يۈرگۈزگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا ختايمۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قارارىدىن دەرھال ئۆچ ئېلىپ، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون كىشىگە، شۇنداقلا تۆت ئورگانغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى.

بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسەت ۋە جازا تەدبىرلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئورگاننىڭ بىر باياناتچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلمىگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك ختاي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا قاراتقان جازانى بىكار قىلغان تەقدىردىمۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ختاي ئەمەلدارلارغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.






خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىرىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىش بىلەن بىرگە، خىتاي ئاققۇنلىرىنى ھەقسىز يەر، ھەقسىز ئۆي بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرمەكتە.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقىقەتكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV    info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15    +90 553 895 19 33    +90 541 797 77 00